# ئى ئاللاھ! بىرەر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرغايسەن، كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولغايسەن

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ ئۆيىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:«ئى ئاللاھ! بىرەر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرغايسەن، كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلغان بولسا سەنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولغايسەن»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش مەسئۇلىيتىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى بايان قىلىندۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، ئۇلارغا ئادالەت، ئىنساپ، رەھمەت ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارنى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى، جازا-مۇكاپاتنىڭ ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈرىدىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4938